ئىيۇن 2024
ئومۇمىي 47 - سان

# ئىستىقلال ئاۋازى

سىنلار

## ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا

يەنە بىر قىسقا سىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى
20-بەت

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرسىز ھېيت بازىرى، ئۇيغۇرسىز دۇكانلار كۆپەيمەكتە
30-بەت

زۇلۇمغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئۇيغۇر ئۇرۇپ مېيىپ قىلىۋېتىلگەن
44-بەت




ISTIQLAL

## باش مۇھەررىر


ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق



ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.



# ISTIQLAL


**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

ئا. ئوغۇز

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL



بەت 6



بەت 48



بەت 36



بەت 22



بەت 30

6 خاقان فىداننىڭ خىتاي زىيارىتى بىلەن خىتاينىڭ ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيىتى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى

16 شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (8)

18 خىتايلارنىڭ بايرىمى ئۇيغۇرلارغا داۋاملىق مەجبۇرىي تېڭىلماقتا

20 يەنە بىر قىسقا سىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى

22 ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلىغان ھەر بىر جاسۇسقا 27 يىللىق قاماق جازاسى تەلەپ قىلىندى

26 ئامېرىكا مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئۈچ خىتاي شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە قوشتى

28 ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى

30 شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرسىز ھېيت بازىرى، ئۇيغۇرسىز دۇكانلار كۆپەيمەكتە

32 خىتاي شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى ۋە ۋەزىيىتىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن خەلقئارالىق يىغىن ئورۇنلاشتۇردى

34 خىتاي قۇربان ھېيت مەزگىلىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇندى

36 ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى

40 ب د ت شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنى يېڭىلاشقا ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىلدى

42 خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىش جىنايىتى دىققەت قوزغىدى

44 زۇلۇمغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئۇيغۇر ئۇرۇپ مېيىپ قىلىۋېتىلگەن

46 خىتاي ئاسىيا-ياۋروپا كۆرگەزمىسى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى

48 بۇ يىللىق ھەج مەۋسۇمىدا يەنىلا ئۇيغۇر ھاجىلارنىڭ بولماسلىقى دىققەت قوزغىدى




# خاقان فىداننىڭ خىتاي زىيارىتى بىلەن خىتاينىڭ ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيىتى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى

**تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىداننىڭ خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى بىلەن خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئىستانبۇلدا ئورۇنلاشتۇرغان ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيىتى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تۈركىيەدە قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كەلتۈردى.**

تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 3 -ئىيۇندىن 5 -ئىيۇنغىچە خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستاندا زىيارەتتە بولىدىغان بولۇپ، بېيجىڭغا يېتىپ بارغان ۋە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى چېن ۋېنچىڭ بىلەن كۆرۈشكەن.



خاقان فىدانىنىڭ زىيارىتىدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تۇران بىرلىكىگە سۇنۇش ئۈچۈن تەييارلىغان دوكلاتنى خاقان فىدانغا سۇندى. مەزكۇر مەكتۇپ ئەسلىدە تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتى ھەيئىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بېرىش ئېھتىماللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلانغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى بايان قىلىنغان. بۇ دوكلات تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدانغا خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىن بۇرۇن يەتكۈزۈلگەن.

**تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان 3 -ئىيۇندىن 5 -ئىيۇنغىچە خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستاندا زىيارەتتە بولدى.**

ئۇندىن باشقا، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلارنى ئاپىرىپ، ساختا تەشۋىقاتى ئۈچۈن پايدىلانغان خىتاي تۈركىيەدىمۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيىتى» ئورۇنلاشتۇرغان. خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى



يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل مەدەنىيىتىنىمۇ ختاي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى. خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ختاينىڭ ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيەت تەشكىللىشىگە قارشى بايانات ئېلان قىلىپ، ختاينىڭ بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، ختاي ئۆتكۈزمەكچى بولغان مەزكۇر پائالىيەتكە قارشى ئىكەنلىكىنى، پائالىيەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ختاينىڭ پائالىيىتىگە قارشى نارازىلىق سادالىرى ۋە چاقىرىقلىرىنىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە، 2 -ئىيۇن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ختاي ئەلچىخانىسى ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان جامال رەشىت رەي كونسېرت زالى ئالدىدا نامايىش قىلدى. نامايىشتا ختاي ئۆتكۈزمەكچى بولغان ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە





تۈركىيە خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياش رەزىل مەقسىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى، خىتاينىڭ بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى پاش قىلىندى ھەمدە تۈركىيە خەلقى خىتاينىڭ بۇ خىل ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىككە چاقىرىلدى.

**خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ كۆز بوياмچىلىقىغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.**

مەزكۇر نارازىلىق نامايىشىغا يەنە ئالپەرەن ئوجاقلىرى ئەزالىرىغا ئوخشاش يەرلىك خەلقلەردىنمۇ خېلى كۆپ ساندا كىشى قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارمۇ خىتاينىڭ كۆز بويامچىلىق ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.


ئىگىلىشىمىزچە، خىتاي كونسۇلخانىسى مەزكۇر پائالىيەتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ كۈچ چىقارغان ۋە بىرمۇ بىر كىملىك بىلەن ئېنىقلاپ تۈرۈپ تەكلىپ قىلغان ۋە ئىستانبۇلدىكى بەش نۇقتىغا مەخسۇس ئاپتوبۇس ئورۇنلاشتۇرۇپ، پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشقان خىتايپەرەس ئۇيغۇرلارنىڭ سانىدىن خىتايلارنىڭ سانى كۆپ ئىكەن. ئۇندىن باشقا، خىتايلار قاتتىق تەكشۈرۈش بىلەن تاللاپ تەكلىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ سەھنىگە

چىقىپ مەزكۇر سەنئەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان.

ختاي كونسۇلخانىسىنىڭ تۈركىيەدىكى ختايپەرەس ئۇيغۇرلارنى قەرەللىك ئۆمەك تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇرۇش ۋە ئۆزگە سادىق كىشىلەرنى تەربىيەلەش ھەرىكىتى يەنە داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، 31 ـماي بىر ئۆمەك ختاي كونسۇلخانىسى خادىمى بولغان ياشار ئىسمىلىك ئۇيغۇر باشچىلىقىدا يولغا چىققان. ئىككىنچى ئۆمەك ئىستانبۇلدىكى ئاتالمىش «ئۇيغۇر سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سابىرنىڭ كاتىپى ئادىلە ۋەلى باشچىلىقىدا 6 ـئىيۇن يولغا چىقىدىكەن.

تۈرك خەۋەرلىرى تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەندە ختاينىڭ پەلەستىن مەسىلىسىنى ئىككى دۆلەت پىرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىش چارىسىنى قوللىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ختاي بىلەن غەززەدە ئۇرۇش توختىتىش مەسىلىسىدە داۋاملىق ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

فىدان كۆرۈشۈشتە يەنە تۈركىيە بىلەن ختاينىڭ نۇرغۇن ساھەدە ئورتاق





كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «تۈركىيە بىلەن خىتاينىڭ ئۇكرائىنا مەسىلىسىدە ئورتاق تونۇشى بار، تۈركىيە خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى تولۇق قوللايدۇ» دېگەن.

خاقان فىدان ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرنى زىيارەت قىلىشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ: «ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر تۈرك-ئىسلام شەھىرىدۇر. بۇ يەرلەر خىتاي بىلەن ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆۋرۈكى. خەلقلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بىزنىڭ بايلىقىمىز. ئىككى دۆلەت سودا مىقدارىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىش كېرەك. تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا كونكرېت تەكلىپلىرىمىز بار. خىتاي مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرى بۇ ھەپتە تۈركىيەگە بارىدۇ» دېگەن. خاقان فىدان خىتاي زىيارىتىنىڭ ئىككىنچى كۈنىدە يەنە خىتاي مۇئاۋىن رەئىسى خەن جېڭ بىلەن كۆرۈشكەن.

**خاقان فىدان تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان تۈركىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى**

يېڭى شەپەق گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان خىتاي زىيارىتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان. ئۇ بۇ زىيارىتى بىلەن تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان تۈركىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى

**«ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر تۈرك-ئىسلام شەھىرىدۇر.»**





دەرىجىلىك رەھبىرى بولۇپ قالغان.

خاقان فىدان ئۈرۈمچىدە نوغاي مەسچىتى ۋە خەلقئارا چوڭ بازارنى زىيارەت قىلغان. ئۇ يەنە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتى سېكرېتارى ما شىڭرۇي ۋە قورچاق رەئىس ئەركىن تۇنىياز بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ جەرياندا رايون ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنغان.

5 -ئىيۇن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۇي ۋە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم» رايونىنىڭ رەئىسى قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز بىلەن كۆرۈشكەن. كۆرۈشۈشتە تۈركىيە پارلامېنت ئەزالىرى، تۈركىيەنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى يىغىنغا قاتناشقان. خىتاي تەرەپتىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئەمەلدارلار ۋە قورچاق ئەمەلدارلار قاتناشقان.

ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 5 -ئىيۇن خەۋەر قىلىشىچە،



ما شىڭرۇي ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، ئاتالمىش «شىنجاڭ» بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى يەرلىك ئالاقىنىڭ كۆنسېرى قويۇقلاشقانلىقىنى تىلغا ئالغاندىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاندا







ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىنكار قىلىپ: «شىنجاڭ يېڭى دەۋردە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى پۈتۈنلەي توغرا ۋە ئەتراپلىق يولغا قويدى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا چىڭ تۇردى... ھەر مىللەت كىشىلىرى ئانارنىڭ دانىسىغا ئوخشاش ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئارىلىشىپ كەتتى. تېررورلۇق ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە كىشىلەرنىڭ بەختەرلىكىگە زور زىيان ئېلىپ كەلدى. بىز تۈركىيە بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق ۋە ئاشقۇنلۇققا بىرلىكتە زەربە بېرىشنى خالايمىز...» دەپ بىلجىرلىغان.

تۈركىيە ئانادولۇ ئاگېنتلىقى، ئەنقا ئاگېنتلىقى، ساباھ گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، خاقان فىدان كۆرۈشۈشتە ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار مەسىلىسىنىڭ سەزگۈرلۈكىگە دىققەت قىلىشىنىڭ چوڭ جەھەتتىن ھەممىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**خاقان فىدان شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئالدى.**

خاقان فىدان ئۇيغۇر مەسىلىسىدە تۈركىيەنىڭ

ختاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، ختاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششىش نىيىتى يوقلۇقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە ئۈچۈن مۇھىملىقى توغرىسىدا توختالغان ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا بارلىق خەلقلەر باياشات ۋە خاتىرجەم ياشىسا، تۈركىيەنى ئىنتايىن مەمنۇن قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خاقان فىدان يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا ھايات كەچۈرۈش مەسىلىسىدە تۈرك دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان سەزگۈرلۈكىنى تىلغا ئالغان ۋە بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ختايغىمۇ، باشقىلارغىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشنى ئۆزگەرتىش ختاينىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئېشىشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئەمما ختاينىڭ ئورگان تاراتقۇلىرى خاقان فىداننىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى بايانلىرىنى باشقىچە خەۋەر قىلغان بولۇپ، ختاي تەشۋىقات ئورگىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە: «تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى: مەن شىنجاڭغا كېلىپ، شەھەر ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەل، جەمئىيەتنىڭ گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىللىرىنىڭ ياخشى




قوغدالغانلىقىنى كۆردۈم، دېدى» دېيىلگەن.

**ختاي تەشۋىقات ئورگانلىرى خاقان فىداننىڭ بايانلىرىنى پەرقلىق خەۋەر قىلدى.**

ختاي تەشۋىقات ئورگانلىرى 2019 - يىلى 7 -ئايدا ختايدا زىيارەتتە بولغان تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغاننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرجەم ۋە باياشات تىنچ-ئامان ياشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن سۆزىنى بۇرمىلاپ خەۋەر قىلىپ، «ئەردوغان



ئۇيغۇرلار بەختلىك ياشاۋاتىدۇ، دېدى» دەپ خەۋەر يازغانىدى ۋە زور غۇلغۇلىغا سەۋەب بولغانىدى.

خاقان فىدان شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدە قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىگە بارغان بولۇپ، ئۈرۈمچىدە خەلقئارا بازارنى، نوغاي مەسچىتىنى، قەشقەردە بولسا ھېيتگاھ جامەسىنى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغان. ئۇنىڭ قەشقەر كوچىلىرىدا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن كۆرۈشكەن كۆرۈنۈشلىرى تارقىتىلغان بولۇپ، قەشقەردىكى بىر ئۇيغۇر موماينىڭ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سالامىغا جاۋاب قايتۇرالماسلىقى ۋە دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا جىمجىت بولۇپ قېلىشىدەك قىسقىغىنا كۆرۈنۈش خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياستىنى ئاشكارىلىدى.

خاقان فىداننىڭ خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى خەلقئارانىڭ دىققەت نۇقتىسى بولغان بولۇپ، BBC، ئەلجەزىرە، ئامېرىكا ئاۋازى قاتارلىق كۆپلىگەن خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر ئېلان قىلدى ۋە تۈرلۈك ئانالىزلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**“خاقان فىدان يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا ھايات كەچۈرۈش مەسىلىسىدە تۈرك دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان سەزگۈرلۈكىنى تىلغا ئالغان**

# شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى (8)



**شەرقىي تۈركىستاندىن ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر شاھىت خەۋەر بۆلۈمىمىزگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيىتى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى.**

مەزكۇر شاھىت ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بىر ئۇيغۇر قىز خىتاي بىلەن توي قىلىپ قالسا، خەلق ئارىسىدا «پالانى خىتاي بىلەن توي قىپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنىڭ كۆنتەرتىپكە كېلىپ كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى، ئەمما نۆۋەتتە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىش ئەھۋالىنىڭ نورمال ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، خىتاي ھەر خىل مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

**«ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىش ئەھۋالى نورمال ھادىسىگە ئايلىنىپ قالدى»**

شاھىت يەنە خىتاي بىلەن مەجبۇرىي تويى قىلغان ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ ئۆندىدار ياكى تىك توكقا چىقىپ، چوشقا گۆشى يېگەن كۆرۈنۈشلەرنى تارقاتقان ئەھۋالدا خىتاي بۇنىڭغا ماس ھالدا مەزكۇر كۆرۈنۈشلەرنى ئۆندىدار بىلەن تىك توكنىڭ باش قىسمىدا كۆرۈندىغان قىلىپ تارقىتىدىغانلىقىنى، بۇنى كۆرۈپ ۋىجدانى ئازابلىنىپ، نارازىلىق ئۇچۇر يازغان ياكى گەپ قىلغان ئۇيغۇرلارنى شۇ باھانە بىلەن تۇتقۇن قىلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكى جەھەتتىكى تەقىبنىڭ قاتتىق چىڭ ئىكەنلىكىنى، ۋەزىيەت ھەققىدە نارازىلىق ئۇچۇر يوللاشلا ئەمەس، ھەتتا گەپ-سۆزدە خاتالاشقان ئۇيغۇرلارنىمۇ ساقچىخانىغا چاقىرتىپ ئاۋارە قىلىۋاتقانلىقىنى، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

شاھىت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئاشكارىلاپ: «گەرچە خىتاي يېقىندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى تاشقى كۆرۈنۈشتە ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما كونترول ۋە تەقىب بەك قاتتىق بولماقتا. تور ۋە ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى قاتتىق كونترول قىلىۋېلىنغان بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ» دېگەننى تەكىتلىدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇشقا، كۆز بوياشقا ئۇرۇنۇپ، چەت ئەلدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈرمۈش، سودا، ئوقۇش، ساياھەت قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە قاتتىق چەكلەپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

***بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار «شەرقىي تۈركىستاندىن يېڭى چىققان شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقلىرى» سەرلەۋھەلىك چاتما خەۋەر قاتارىدا بېرىلىدۇ***

# خىتايلارنىڭ بايرىمى ئۇيغۇرلارغا داۋاملىق مەجبۇرىي تېڭىلماقتا




**خىتاي بۇ يىلمۇ ئۇيغۇرلارغا خىتاي بايراملىرىنى مەجبۇرىي تەبرىكلەتكۈزگەن بولۇپ، 4-ئىيۇندىن باشلاپ «بىزنىڭ بايرىمىمىز - دۇەنۇۇ» باش تېمىسىدىكى ئاتالمىش «مەدەنىيەت پائالىيىتى»نى باشلىغان.**

خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى، ئۇيغۇرلار باشلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ بايراملىرىنى چەتكە قېقىپ، خىتايلارنىڭ بايراملىرىنى تۈرلۈك تەشۋىقاتلىرى بىلەن زورلاپ تېڭىپ كەلگەندى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 4-ئىيۇن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون»نىڭ 2024-يىللىق «بىزنىڭ بايرىمىمىز - دۇەنۇۇ» باش تېمىسىدىكى پائالىيىتى سانجى شەھىرىدە باشلانغان.

**خىتاي بايراملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنماقتا.**

مەزكۇر پائالىيەتنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي، مىللىي بايرامدىن يىراقلاشتۇرۇش رەزىل مەقسىتىدە، ئاتالمىش «مەدەنىيەتنى مەنبەدىن سۈرۈشتۈرۈش - دۇەنۇۇنى ھېس قىلىش» «خەلق ئۆرپ-ئادىتىنى ھېس قىلىش - غەيرىي

ماددىي مەدەنىيەت مىراسى دۇەنۋۇ» «مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىش - دۇەنۋۇدىن خۇشال بەھرىلىنىش» «مۇلازىمەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش - مېھىر-مۇھەببەت بىلەن دۇەنۋۇنى ئىللىقلىقتا تولدۇرۇش» قاتارلىق يۈرۈشلۈك بۆلەكلەر باش تېما پائالىيەتلىرىنى تەسىس قىلغان.

پائالىيەتتە خىتايلارنىڭ «چۇ نەزمىلىرى» «جۇزە دەرىخىگە مەدھىيە» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىش، دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىقلار ئورۇنلانغان. «دۇەنۋۇ بايرىمى پەقەت بىر بايرام بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ بىر خىل مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشتۇر. ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك» دەپ جار سېلىنغان.

ئاتالمىش «بىزنىڭ بايرىمىمىز - دۇەنۋۇ» باش تېمىسىدىكى پائالىيەتلەر باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى جايلاردا يېڭى مەركەز، پونكىتلار تەسىس قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەجدىھا قولۋاق مۇسابىقىسى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆرگەزمىسى، خەلق ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ھېس قىلىش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىششقا مەجبۇرلانغان.

**خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئىجرا قىلماقتا.**

دۇەنۋۇ بايرىمى خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بىرى بولۇپ، خىتاي بۇ خىل بايراملىرىنى مەجبۇرىي تېڭىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى ئۆز كىملىكىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

خىتاي نۆۋەتتە خىتاي بايراملىرىنى مەجبۇرىي تېڭىش جىنايىتىنى ئاتالمىش «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» (يەنى ئاتالمىش خىتاينى، جۇڭخۇا مىللىتىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، خىتايچە سوتسىيالىزمنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش)، «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «شىنجاڭنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى بىلەن باغلاپ ئىجرا قىلماقتا.



# يەنە بىر قىسقا سىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى

**شەرقىي تۈركىستاندىن تارقالغان قىسقا سىنلار خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد ۋە ئالاقىدار ئىبادەت، ئادەتلەرنى چەكلەش، باستۇرۇش جىنايىتىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى**

8 ـ ئىيۇن لاگېر شاھىتى زۇمرەت خانىم ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا ھەمبەھىرلىگەن 15 سېكۇنتلۇق بىر سىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئىبادەتلىرىنى داۋاملىق چەكلىگەنلىكىنى پاش قىلدى.

مەزكۇر سىندا مەلۇم بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار مۇراسىمدەك بىر يىغىلىشتا ئاياللارنى ياغلىق چېگمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، شېۋىسىدىن بۇ يەرنىڭ تۇرپاننىڭ مەلۇم بىر رايونى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدىكەن.

**تارقىلىۋاتقان ئازغىنە سىنلار خىتاينىڭ ساختا تەشۋىقاتىنى پاش قىلىپ كەلمەكتە.**

مەزكۇر ئايال ئەمەلدار كىشىلەرگە يۇقىرىدىن سۈرۈشتە قىلىپ قالسا، ئاقىۋىتىگە ئۆزىنىڭ ئىگە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ: «گەپنى ئوچۇق قىلىۋېتەي، خاپا بولماي ياغلىقلارنى ئېلىۋېتەيلى» دەپ بۇيرۇق قىلغان. ئۇ يەنە جەنۇبتىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەنلىكىنى، تويلىرىغا بېرىۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەردىكى 80 ياشقا كىرگەن ياشانغان





ئاياللىرىنىڭمۇ بېشىغا قەتئىي ياغلىق چىگمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇندىن ئىلگىرى تارقالغان بىر قىسىم سۈرەتلەردە سەل ئۇزۇنراق كۆڭلەك كىيگەن ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ كىيىملىرىنى كوچىدىلا كېسىپ قىسقارتقانلىقى، يەنە بىر قىسىم سىنلاردا بولسا ئۆزىنى سىنىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ ۋەھىمە ۋە ئەندىشە ئىچىدە دەرھال ياغلىقىنى يوشۇرۇۋالغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى.

**«80 ياشقا كىرگەن ياشانغان ئاياللارمۇ قەتئىي ياغلىق چىگمەيدۇ»**

ختاي بىر نەچچە يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەھشىي سىياسەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇپ، ياغلىق چىگكەن قىز-ئاياللارنى «قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك» دېگەندەك سۆپەتلەر بىلەن ھاقارەتلەپ، ياغلىق ۋە ئۇزۇن كۆينەك كىيىشىنى چەكلەپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ باھانە بىلەن زور تۈركۈمدىكى قىز-ئاياللارنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن دەپسەندە قىلىپ كەلدى.

# ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلىغان ھەر بىر جاسۇسقا 72 يىللىق قاماق جازاسى تەلەپ قىلىندى

**چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش بىلەن ئەيىبلىنىپ، بۇ يىل 2 -ئايدا قولغا ئېلىنغان خىتاينىڭ يەتتە جاسۇسى ھەققىدە دەۋا ئېچىلغان بولۇپ، ھەر بىر جاسۇسقا 72 يىلدىن قاماق جازا بېرىش تەلەپ قىلىندى.**

يېڭى شەپەق گېزىتىنىڭ
8 -ئىيۇن خەۋەر

قىلىشچە، تۈركىيەدە
پائالىيەت قىلىۋاتقان



شەرقىي تۈركىستانلىق جامائەت ئەربابلىرى، تەشكىلات رەھبەرلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلىغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ يىل 2 ـ ئايدا قولغا ئېلىنغان يەتتە خىتاي جاسۇسى ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇلغان. ئەيىبنامىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن ئۈندىدار، سىگنال ۋە تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاقىلاشقان قارى ئىلياسنىڭ يانفونىدىن 933 ئۇيغۇرنىڭ كىملىك ئۇچۇرى تېپىلغان.

**خىتاي جاسۇسىنىڭ يانفونىدىن 933 ئۇيغۇرنىڭ كىملىك ئۇچۇرى تېپىلغان.**

ئىستانبۇل باش تەپتىش مەھكىمىسى تېررورلۇق ۋە تەشكىللىك جىنايى ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەييارلىغان ئەيىبنامىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تەپسىلاتلار ئاشكارىلانغان. ئەيىبنامىدە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاي جاسۇسى سادىق مەمەتئەزىزنىڭ خىتاي بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسى، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى «لى» فامىلىلىك (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم) بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئېنىقلانغان. سادىق مەتئەزىز 2000ـيىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق خادىمى مۇتەۋۋەللا (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم) ۋە خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك





مىنىستىرلىقى خادىمى ئالىمجان (ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم) بىلەن تېلېفون ئارقىلىق ۋە يۈزتۇرانە كۆرۈشكەن. 2023 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خوڭكوڭغا ساياھەتكە بارغان سادىق مەمەتئەزىز ئۇ يەردىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاغىلىق ناھىيەسىگە بېرىپ، مەزكۇر ئىككى جاسۇس بىلەن كۆرۈشكەن. ئاندىن ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدە ئالىمجان بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكەن. 2023 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەن.

قولغا ئېلىنغان خىتاي جاسۇسلىرىنىڭ بىرى ھەبىبۇللا ئۇرۇمچىنىڭ 2023 ـ يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى جوڭ شۆگاڭ بىلەن بۇرسا ئوسمانغازىدىكى بىر مېھمانخانىدا تۇرغانلىقى ئېنىقلانغان. ئەيىبنامىدە يەنە خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ خىتاي ساقچىلىرى نامىدا ھەبىبۇللا ئۇرۇمچى بىلەن ئالاقىلاشماقچى بولغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەبىبۇللا ئۇرۇمچىنىڭ يەنە سادىق مەمەتئەزىزدىن پۇل ئالغانلىقى بايان قىلىنغان.

تەپتىش خادىملىرى ھەبىبۇللا ئۇرۇمچىنىڭ يانفونىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇرلارغا تەۋە كىملىك ۋە پاسپورت قاتارلىق شەخسىي ئۇچۇرلار،

شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئۇچرىشىش ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بارلىقى ئېنىقلانغان. ئەيىبنامىدە دېيىلىشىچە، ھەبىبۇللا ئۆرۈمچى يانفوندىكى زور مىقداردا نەرسە-كېرەك سېتىۋالغان تالونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەتلەر ۋە ئۇچۇرلارنى خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن ئورتاقلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە پۇل ئالغان.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، جاسۇسلاردىن قارى ئىلياسنىڭ يانفونىدا 933 ئۇيغۇرنىڭ كىملىك ئۇچۇرى بارلىقى ۋە خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ قارى ئىلياس بىلەن ئۇندىدار، سىگنال ۋە تېلېگرامما قاتارلىق ئەپ دېتاللىرى ئارقىلىق ئالاقىلاشقانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

**ھەر بىر جاسۇسقا 72 يىللىق قاماق جازاسى تەلەپ قىلىندى.**

جاسۇسلاردىن بىرى ئابدۇللا ناسىرنىڭ خىتاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن كونسۇلى جوڭ شۆگاڭ بىلەن بىللە بۇرساغا ساياھەتكە بارغانلىقى ئېنىقلانغان بولۇپ، خىتايغا بارغاندا جوڭ شۆگاڭنىڭ ئۇنى مېھمان قىلغانلىقىغا ئاساسەن ئىككى كىشى ئارىسىدا ئىستىخبارات ئورتاقلىقى بار، دەپ باھالانغان.

تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەھقىقلىشىغا ئاساسلانغاندا، جاسۇسلۇق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ھەر بىر جىنايەت گۇماندارىغا 30 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى، شەخسىي ئۇچۇرلارنى قانۇنسىز ھالدا يىغىش ۋە تارقىتىش جىنايىتى ئۈچۈن 42 يىل مۇددەتلىك قاماق جازاسى، يەنى ھەر بىر جاسۇسقا 72 يىللىق قاماق جازاسى تەلەپ قىلىنغان.

“

***خىتاينىڭ ئىستىخبارات خادىملىرى بىلەن ئۇندىدار، سىگنال ۋە تېلېگرامما ئارقىلىق ئالاقىلاشقان قارى ئىلياسنىڭ يانفونىدىن 933 ئۇيغۇرنىڭ كىملىك ئۇچۇرى تېپىلغان.***

# ئامېرىكا مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئۈچ خىتاي شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە قوشتى







**ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئۈچ خىتاي شىركىتىنى جازا تىزىملىكىگە قوشقانلىقىنى ئېلان قىلغان.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى 11 - ئىيۇن «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى»غا ئاساسەن، ئايرىم-ئايرىم هالدا خىتاينىڭ دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، ئاليۇمىن ۋە ئاياغ سانائىتىگە ئالاقىدار ئۈچ شىركىتىنىڭ جازالىنىدىغان شىركەت،

ئورگانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

**مەجبۇرىي ئەمگەك دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، ئالیۇمىن ۋە ئاياغ سانائىتىگىمۇ چېتىلغان.**

ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئورگان توربدا ئېلان قىلغان باياناتىدا دېيىلىشىچە، مىنىستىرلىق بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، ئالیۇمىن ۋە ئاياغ سانائىتىگە بولغان دىققىتىنى كۈچەيتىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرگۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدىكەن.

دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئېيتىشىچە، 12 -ئىيۇندىن باشلاپ ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى بۇ ئۈچ ئورۇن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلەش تەرتىپىنى باشلايدىكەن.

جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن خىتاي شىركەتلىرى دۇڭگۇەن لۇجوۋ ئاياغ چەكلىك شىركىتى، شەندۇڭ مېيجيا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، ئاتالمىش «شىنجاڭ» شىنخۇ كۆمۈر ۋە ئېلېكتىر چەكلىك شىركىتى قاتارلىقلار ئىكەن.

**«ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» 2021 -يىلىدىن تارتىپ ئىجرا قىلىنماقتا.**

2021 -يىلى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش قانۇنى» ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي ئىمزالىنىپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، يېقىندىن قۇرۇلغان مەجبۇرىي ئەمگەك قانۇنىنى ئىجرا قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى مەزكۇر قانۇنغا چۈشىدىغان 68 شىركەت، ئورگاننى جازالاش تىزىملىكىگە قوشقان. پەقەت ئۆتكەن 12 ئايدىلا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنلەر 240% كۆپەيگەن.

> ***مەجبۇرىي ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ياسالغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرگۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدىكەن.***




# ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى

**ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ 7 ـ ئايدا خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن قوشۇمچە تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.**

ئەنگلىيە پۇل-مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتى 12 ـ ئىيۇن ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچى شىركەتلەرگە 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئىمپورت قىلىنغان خىتاي توكلۇق ئاپتوموبىللىرىدىن 25 % ۋاقىتلىق قوشۇمچە باج ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

**خىتاينىڭ ئاپتوموبىل شىركەتلىرى خىتاي رېجىمىدىن زور مىقداردا تولۇقلىما ئالىدۇ.**

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقارغۇچىلىرى خىتاي رېجىمىدىن تولۇقلىما ئالىدۇ، بۇ ياۋروپادىكى رىقابەتچىلەرنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ، دەپ قارىغان.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، خىتاينىڭ بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى




قوغدايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى لىن جيەن قەرەللىك ئاخبارات يىغىنىدا: « تولۇقلىما ياردەمگە قارىتىلغان بۇ تەكشۈرۈش تىپىك سودا قورۇقچىلىقى» دەپ جار سالغان.

ئامېرىكا ئالدىنقى ئايدا خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان توكلۇق ئاپتوموبىللارنىڭ تاموژنا بېجىنى % 25 تىن % 100 كە ئۆستۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. تۈركىيەمۇ خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاپتوموبىللارغا % 40 قوشۇمچە باج قويۇشنى قارار قىلغان بولۇپ، 7 -ئىيۇلدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەنىدى.

نۆۋەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ زور مىقداردا تولۇقلىما بېرىش سىياستى نەتىجىسىدە، خىتاي ئاپتوموبىل شىركەتلىرى باشقا دۆلەتلەردە مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا تۆكمە قىلىپ سېتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، خىتاينىڭ ئادىل بولمىغان بۇ ئەخلاقسىز سودا قىلمىشى كۈچلۈك تەنقىدكە ئۇچراپ كەلمەكتە.

# شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرسىز ھېيت بازىرى، ئۇيغۇرسىز دۇكانلار كوچىلاردا



**يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قايناق بازارلاردا ئۇيغۇرلار ئازىيىپ قالغان، ھەتتا ئۇيغۇرلارنى كۆرگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىنغانىدى. نۆۋەتتە ھېيت بازارلىرىمۇ ئۇيغۇرسىز بولۇپ قالغانلىقى ئاشكارىلاندى.**

ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھەمبەھىرلەنگەن سىنلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، بۇ يىللىق قۇربان ھېيت ھارپىسىدا كىيىم-كېچەك دۇكانلىرىدا ئۇيغۇرلار ئازلاپ قالغان، ھەتتا بەزى بازار، رەستىلەر ئۇيغۇرسىز بولۇپ قالغان.

**شەرقىي تۈركىستاندا ھېيت كۈنلىرىدىمۇ كوچىلار ئادەمسىز قالماقتا.**

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتۇشتىن تارقىتىلغان بولۇپ، دۇكاندارلار ئۇيغۇرسىز دۇكان، ئۇيغۇرسىز رەستىلەرنى كۆرسىتىپ: «ھېيت ھارپىسىدىكى بازاردا ئادەم مىغ - مىغ، خېرىدارلار پاتمايۋاتىدۇ مانا! بازالار قىزىپ ئوتتەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بازار يامان ياخشى، مۇشۇنچىلىك بولۇۋاتىدۇ

بازارلار مانا! بۇگۈن 6 -ئاينىڭ 12 -كۈنى، بۇ سىننى دۇكان ئىگىلىرىگە ئەۋەتىپ قويغان بولساڭلار، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دۇكاننىڭ ئىجارىسىنى يەنە ئۆستۈرۈشنى ئويلىشىپ كۆرە » دەپ تەنە قىلغان.



شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرىدىن تارقىتىلغان سىنلاردا بولسا ھېيت ھارپىسىدا كىيىم – كېچەك بازىرىدا دۇكانداردىن باشقا ئادەم كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ، سودىگەر بازارنىڭ ئادەمسىز، ئۇيغۇرسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئاشكارىلاپ: «بۇ يىل ھېيت بۇلامدۇ بولمامدۇ؟ بىرەرسى ھېيت بولمايدۇ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلمىغاندۇ! خېرىدارلار! ئادەمنى بەك ئەنسىرەتمەڭلار ؟ يېتىشمەي قالامسۇن دەپ مالنى تولۇق ئەكەلگەن ئىدىم، ئەمما... سودا بولمىغانسېرى يارام ماللارنىڭ باھاسىنى، بولۇپمۇ سۈپەتلىك يازلىق كىيىملارنى 49 يۈەنگە چۈشۈرۈۋەتتۇق، بۇ تىجارەت قىلىدىغان يىلمۇ ياكى تال ئۇستاڭنىڭ سايىسىدا يېتىپ ئۇخلايدىغان يىلمۇ؟ بۇگۈن 6 -ئاينىڭ 12 -كۈنى، ھېيتقا تۆت كۈن قالغان كۈنى تۇرسا، ئادەتتە بۇنداق ھېيتنىڭ ھارپىسىدا خېرىدار بىلەن توشۇپ كېتەتتى بۇ دۇكانلار» دېگەن ۋە چۆلدەرەپ قالغان كوچىلار كۆرسەتكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مەھەللىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق، تارىخىي ئىزلارنى، مەھەللە، قوشنىدارچىلىق كۈلتۈرىنى ۋە بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇش، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كونترول ۋە نازارەت قىلىش، نوپۇس نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق رەزىل مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاننى ئۇيغۇرسىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى ۋە ۋەزىيىتىنى بۇرمىلاش ئۈچۈن خەلقئارالىق يىغىن ئۇيۇشتۇردى

**خىتاي ئالدىنقى ھەپتە قەشقەردە ئاتالمىش «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە كېلەچىكى» تېمىسىدا خەلقئارالىق مۇنبەر تەشكىللىگەن بولۇپ، 12 -ئىيۇن قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن. مۇنبەردە ئارخېئولوگىيە، تارىخ ساھەسىدىكى خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئاتالمىش «شىنجاڭ»نىڭ تارىخ، ئىنسانىيەت جەھەتتىكى كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدىلەشكەن تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىتاي بىلەن چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ئۆرنەك ئېلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغانلىقى دەۋا قىلىنغان.**

خىتاي خەلق تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، قازاقىستان، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، مىسىر قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن جەمئىي 170 تىن ئارتۇق كىشى مۇنبەرگە قاتناشقان بولۇپ، ئاتالمىش «شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيەسى بىلەن



جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزىسى، شىنجاڭ تارىخى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىك راۋانلىقى» قاتارلىق باش تېمىلار مۇھاكىمە قىلىنغان.

مۇنبەردە سۆز قىلغان خىتاينىڭ ئاتالمىش مۇتەخەسسىسلىرى شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن. يىللاردىن بېرى «شىنجاڭ ئەزەلدىن تارتىپ خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگەن سەپسەتىنى تەكرارلاپ كەلگەن خىتاي مەزكۇر مۇنبەردە بىلجىرلاپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئەزەلدىن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى» دېگەن سەپسەتىنى كۈچەپ تەكىتلىگەن.

**خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا.**

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلاندۇرۇش» نامى ئاستىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە. شۇنداقلا خىتاي مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇرلارغا مەجبۇرىي تېڭىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، يوقىتىش پىلانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىجرا قىلماقتا.

خىتاينىڭ بۇ قېتىم تەشكىللىگەن يىغىن ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەۋەلىكىنى بۇرمىلاش سەپسەتىلىرىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

# ختاي قۇربان ھېيت مەزگىلىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇندى





**ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى خەلقئارانىڭ دىققەت نۇقتىسى بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، ختاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا ساختا مەيدان ياساپ، ختاي ۋە چەت ئەل زىيارەتچىلەرنى كۆپەيتكەن بولۇپ، بۇ خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياپ، جىنايىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.**

ختاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ختاي 17 - ئىيۇن قۇربان ھېيت كۈنى خوتەن شەھىرىنىڭ ناۋا كوچا رايونىدا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ياساپ چىققان قەدىمىي تۈس، قەدىمىي پۇراققا ئىگە كوچىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، ئۇسسۇل ئويناشقا تەشكىللىگەن.

**ختاينىڭ ساختا تەشۋىقاتى ھېيت مەزگىلىدە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.**

خەۋەر قىلىنىشىچە، بۈگۈر ناھىيەسىدىكى مەركىزىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىمۇ ئاتالمىش «قۇربان ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋېلىش . شادلىق ئىچىدە بۈگۈردىن بەھرىلىنىش . ئىستېمال

ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى» ئورۇنلاشتۇرۇلغان



خەۋەردە يەنە غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى خەلق ئۆرپ ـ ئادىتى ساياھەت رايونى، سانجى شەھىرىنىڭ يۇشۇگۇۋ بازىرى چارۋىچىلىق كەنتى، قابا ناھىيەسىنىڭ تېرەكتى يېزىسى ئاققابا كەنتى، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى قاتارلىق ئورۇنلاردا قۇربان ھېيتلىق پائالىيەت تەشكىللەنگەنلىكى مىسال تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ختاي خەلقىنى مەجبۇرىي ئۇسۇلغا سېلىپ: «قۇربان ھېيتىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى» دەپ تەشۋىق قىلغان.

ختاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى قۇربان ھېيتتىكى كۆز بويامچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى خادىملىرى، خەلق بىلەن تۇغقانلاشقان كادىرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. بۇ بۇ ئارقىلىق 2014 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسىي قاتلامدىن باشلاپ قاتتىق باستۇرۇش مەقسىتىدە باشلىغان كەنت ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىزمەت ئەترىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن مەجبۇرىي تۇغقان قىلىنغان ختاي ئاققۇنلىرىنىڭ ھازىرغىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتىلغان تەقىب ۋە باستۇرۇشنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

گەرچە ختاي بۇ يىللىق قۇربان ھېيت مەزگىلىدە يالغان تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق ھېيت ھارپىسىدا ئۇيغۇرلار قىسقا سىنلار ئارقىلىق ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان قاتتىق تەقىب قىلىپ باستۇرۇشنىڭ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغاندى.

# ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى




**دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ يىلمۇ قۇربان ھېيتنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەبرىكلىگەن بولۇپ، 19-ئىيۇن ئىستانبۇلنىڭ كۈچۈكچەكمەجە سەفاكۆي رايونىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىرلەشمە ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.**

ھېيتلىشىش پائالىيىتىنى تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، شەرقىي تۈركىستان



ئۆلىمالار بىرلىكى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، شەرقىي تۈركىستانلىقلار فېدېراتسىيەسى، ئىلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەقفى قاتارلىق كۆپلىگەن جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلار بىرلىكتە تەشكىللىگەن بولۇپ، نەچچە مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىشتىراك قىلدى.

**ھېيتلىشىش يىغىلىشى تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق ھەمكارلىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.**

پائالىيەت مۇھەممەد ئەمىن قارىھاجىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلدى. ئۇ مۇشۇنداق مۇبارەك كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ئاستىدا ئىڭراۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، بۇ ئالاھىدە كۈنلەردە ۋەتەننى ئۇنتۇماسلىق كېرەكلىكىنى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئاستىدا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، چەت ئەلدىكى قېرىنداشلىرى ئۆزلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھىجرەت زېمىنىدا بىلىم ۋە ماھارەت ئۆگىنىش ئارقىلىق، ۋەتەندە



قالغان قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنى نىيەت قىلغانلىقىنى، ئاللاھ بەرگەن مۇھاجىرلىق نېمىتىنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەكلىكىنى، مۇھاجىرلىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇشى كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ ھەر ئىشتا ئاللاھنى ئۇنتۇماسلىق، ھەقىقىي مۇھاجىرلىق سۈپەت بىلەن ياشاش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەئىس ۋەكىلى خالىد مۇھەممەد ئەمىن سۆز قىلدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۈگۈنكىدەك جەم بولۇپ يىغىلىشقا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەۋاتقان جىنايەتلىرى سەۋەب بولغانلىقىنى، بۇ يىغىلىشنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسىنىڭ تۈرك دۇنياسى مەسئۇلى مەتىن فىدانىر سالام سۆزى قىلىپ، بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەر ۋاقىت قېرىنداشىم دەپ قارايدىغانلىقىنى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىسى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن د ئۇ ق ۋەقفىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىد سۆز قىلىپ، تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلىكتە قۇربان ھېيتىنى قۇتلۇقلىغانلىقىدىن خۇرسەن بولغانلىقىنى، بۇنىدىن كېيىن بۇ بىرلىك، ھەمكارلىقنىڭ داۋام قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

شەرقىي تۈركىستانلىقلار فېدېراتسىيەسىنىڭ رەئىسى مەھمۇد داموللام سۆز قىلىپ، شەرقىي





تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەممەيلەننىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكىنى، بارلىق خەلقتىن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا پىداكار ۋە سەمىمىي بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن ئىلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەقفىنىڭ ۋەكىلى قاسىمجان داموللام سۆز قىلدى. ئۇ ھېيتلىق تەبرىكىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك بىرلىككە كېلىشىدىن ئىبارەت ياخشى باشلىنىشىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم ۋە ئىزچىل ھالدا داۋاملىشىشىنى ئاللاھتىن تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە بىر قىسىم ئۆسمۈرلەر جەڭگىۋار شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى سۇندى.

ئاخىرىدا جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ يېقىندا 10 مىڭ كوممۇنىست خىتاينى ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، خەلقىنىڭ نۆۋەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، بۇ ھالەتتە تۇرۇپ خىتايغا قارشى ھېچقانداق ھەرىكەتنىڭ بولمايۋاتقانلىقىنى تەكىتلىدى. ئارقىدىن ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز مۇجادىلىسىدە جاسارەتلىك، پىداكار بولۇشى، خىتاينىڭ ھالاكىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىندى.

پائالىيەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھېيتلىشىش پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلغان بالىلارغا ھېيتلىق تارقىتىپ بېرىلدى.




# ب د ت شەرقىي تۈركىستان دوكلاتىنى يېڭىلاشقا ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىلدى

**ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە، ئىككى يىل ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلان قىلغان دوكلاتىنى تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن يېڭىلاشقا چاقىردى.**

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بىر تۈركۈم ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ب د ت نى ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلان قىلغان دوكلاتىنى يېڭىلاشقا ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرغان.

**ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتى خىتاينى توختىتىشتا يېتەرلىك رول ئوينىيالمىغان.**

ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار دوكلاتى 2022 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن» دەپ باھالانغانىدى. گەرچە دوكلات ئېلان قىلىنىپ ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش بولمىغان. بۇ سەۋەبلىك ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى مۇلازىمەت ئورگىنى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى



قاتارلىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى 20 -ئىيۇن بايانات ئېلان قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈركنى بۇ ھەقتە ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرغان.

باياناتتا: «ئالىي كومىسسار ئىشخانىسىنىڭ خىتاينىڭ رايوندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنى داۋاملىق ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، بۇ ھەقتە ئاشكارا دوكلات قىلماسلىقى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە ھايات قالغۇچىلار مەسىلىسىدە مەزكۇر ئورگانغا بولغان ئىشەنچنى يوقاتتى» دېيىلگەن.

ۋولكېر تۈرك سەيشەنبە كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كېڭىشىنىڭ 56 -قېتىملىق يىغىنىدا، يەر شارىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان. ئەمما ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بۇنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارى ۋولكېر تۈرك شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە تەنقىدلەندى.**

ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى باياناتىدا ۋولكېر تۈركنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ تەپسىلاتىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ماھىيەتلىك يېڭىلاش ئەھۋالىنى ياكى ئىشخانىنىڭ دوكلاتتىكى تەۋسىيەلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تىلغا ئالمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارىنىڭ بۇ دوكلاتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان.

# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىش جىنايىتى دىققەت قوزغىدى

**خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 18 - ئىيۇن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە يۈزلىگەن يېزا-بازارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى.**

مەزكۇر دوكلات ھەققىدە BBC، ئەلجەزىرە، ئامېرىكا ئاۋازى، مۇھاپىزەتچى قاتارلىق كۆپلىگەن خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى مەخسۇس خەۋەر ئىشلىگەن بولۇپ، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ۋە ئۇيغۇرلارغا ياردەم تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىقىدا تەييارلانغان دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي 2009 - يىلىدىن 2023 - يىلىغىچە بولغان ئون نەچچە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 مىڭ يېزا-كەنت ئىچىدىكى 3600 يېزا-كەنتنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 630 يېزىنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى، تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلگەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى ئەڭ ئېغىر بولغان مەزگىلدە تاماملانغان.

**630 يېزىنىڭ ئىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى، تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلگەن.**

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، «خوجا» دېگەن ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەم دېگەندە 25 يېزا-كەنت، «خانىقا» كەلىمىسى بولغان 10 يېزا-كەنت، «مازار» كەلىمىسى بولغان 41 يېزا-كەنتنىڭ ئىسمى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلگەن. ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي 2018 - يىلى «ئاق مەسچىت» دەپ




ئاتىلىدىغان بىر كەنتنىڭ نامىنى «ئىتتىپاق كەنتى»گە ئۆزگەرتىلگەن. 2022 -يىلى «دۇتار» دەپ ئاتالغان كەنتنىڭ ئىسمىنى «قىزىل بايراق كەنتى»گە ئۆزگەرتكەن. «خەلپە» ياكى «مەسچىت» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان يېزا-كەنتلەرنىڭ ئىسمىمۇ مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلگەن.

خىتاي بۇ جەرياندا دىنىي مەنىدىكى ياكى دىنىي تۈس ئالغان ئىسىملارنى ئۆزگەرتىشنى نىشان قىلغاندىن باشقا يەنە، تارىخىي ئەھمىيەتكە، مەنىگە ئىگە ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى نىشانلاپ، مەجبۇرىي ھالدا خىتاي ئىدېئولوگىيەسىگە ماس كېلىدىغان ئىسىملارغا ئۆزگەرتكەن.

ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى مۇدىرى ئېلىن پېرسون: «بۇ خىتاي رېجىمىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى تېرروrlۇق بىلەن چېتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ئىسلام مەدەنىيىتىگە باغلىنىشلىق بولغان ھەر قانداق نەرسىنى تەھدىت دەپ قارىغان. شۇڭا ئىسلامغا ئالاقىدار جايلارنىڭ نامىنى خىتاي ئىدېئولوگىيەسى بىلەن تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگەرتىۋەتكەن.

**خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر-جاي نامىلىرىنى ئۆزگەرتىش جىنايىتى ئىشغالىيەت تارىخىدىن تارتىپ باشلانغان.**

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتىش جىنايىتى ئىشغالىيەت تارىخىدىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىمۇ ئۇرغۇنلىغان كەنت-يېزىلارنىڭ ئىسمى قىزىل ئىسىملارغا مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردا خىتاينىڭ سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ماس ھالدا، خىتايلارنىڭ ئىشغالىيەت جىنايىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخى، ئېتىقادى، مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەر-جاي ناملىرىمۇ خىتاينىڭ يوقىتىش نىشانىغا ئايلانغان.




# زۇلۇمغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ئۇيغۇر ئۇرۇپ مېيىپ قىلىۋېتىلگەن

**خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئاتالمىش «كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش» باھانىسى بىلەن چېقىپ ئۆزگەرتىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغاندىن باشقا، ئۇيغۇرلار قۇرغان زاۋۇتلارنى مەجبۇرىي چاققان بولۇپ، نارازىلىق بىلدۈرگەن كىشىلەرنى قاتتىق باستۇرغان.**

لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇت خانىم 24 - ئىيۇن ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا تارقاتقان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش «قانۇنسىز سېلىنغان» دېگەن نامدا ئۇيغۇرلار قۇرۇپ چىققان ياغاچ زاۋۇتىنى مەجبۇرىي چېقىۋەتكەن. بۇ جەرياندا نارازىلىق بىلدۈرگەن زاۋۇت ئىگىسى ئابدۇرېشىت سەمەتنى ئۇرۇپ مېيىپ قىلىپ قويغان.

**خىتاينىڭ ئۆز زاۋۇتىنى چېقىشىغا رۇخسەت قىلمىغان ئۇيغۇر قاتتىق ئۇرۇلغان.**

تارقالغان سىنلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، يەكەن ناھىيەسى تومئۆستەڭ يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇرېشىت سەمەتنىڭ ياغاچ زاۋۇتىنى خىتاي ئەمەلدارلىرى بۇلتۇر 4 - ئايدا چېقىۋەتكەن. تومئۆستەڭ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قورچاق ئەمەلدار ئابدۇساتتار قاتارلىقلار ئاتالمىش «قانۇنسىز سېلىنغان» دېگەن نامدا زاۋۇتنى مەجبۇرىي چېقىشقا ئۇرۇنغان. ئابدۇرېشىت سەمەت زاۋۇتنى چېقىشقا ئۇرۇنغان قورچاق ئەمەلدارلارغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، چېقىشقا رۇخسەت قىلمىغان. قورچاق ئەمەلدارلار ئۆزىنىڭ جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن زاۋۇتقا ئورنىتىلغان





كۆزىتىش كامېرالارنىڭ توكىنى ئۈزۈۋەتكەن. ئارقىدىن يېزا كادىرلىرى، شۇنداقلا ئاھالە كومىتېت ئەزالىرىنى ئابدۇرېشىت سەمەتنى ئۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئابدۇرېشىت سەمەتنى 60 نەچچە ئادەم بىرلىشىپ ئۇرۇپ، زاۋۇتنى مەجبۇرىي چېقىۋەتكەن. نەتىجىدە ئابدۇرېشىت سەمەت مېيىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان.

سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، ئېچىنىشلىق ۋەقەدىن كېيىن ئابدۇرېشىت سەمەت تومئۆستەڭ يېزا سېكرېتارى ياقۇپ روزىنىياز، مۇئاۋىن سېكرېتارى ئابدۇساتتار ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. گەرچە ئەرز قىلغىنىغا بىر يىل توشقان بولسىمۇ، بىراق ئالاقىدار ئورۇنلاردىن ھازىرغىچە ھېچقانداق جاۋاب كەلمىگەن. ئاخىر ئابدۇرېشىت سەمەت ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئاشكارىلىغان.

ئابدۇرېشىت سەمەت تارتقان سىنلارغا قارىتا ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا «بۇ ئەھۋاللار يالغان» دېگەندەك خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ تەرىپىنى ئالغان ئىنكاسلار يېزىلغان. ئاخىر ئابدۇرېشىت سەمەت قوش قولتۇق ھاسىسىغا تايانغان ھالدا قايتا سىنغا چىقىپ، توردا ئېلان قىلغان ئەھۋاللارنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك مەزكۇر ئەھۋالنى قايتا ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى، ئۆزى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان زاۋۇتنى ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانۇنسىز چېقىپ تاشلىغانلىقىنى، ئالاقىدار ئورۇنلارغا قىلغان ئەرزلىرىنىڭ ئاقمىغانلىقىنى، ھېچقانداق ئالاقىدار ئورۇننىڭ ئەھۋالنى سورىمىغانلىقىنى، تورداشلارنىڭ بۇ سىننى كۆپلەپ تارقىتىپ ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.




# ختاي ئاسىيا-ياۋروپا كۆرگەزمىسى ئارقىلىق

# خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇندى

**ئۇرۇمچىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى كۆرگەزمە سارىيىدا ئاتالمىش «ختاي-چەت ئەل مەدەنىيەت كۆرگەزمە ھەپتىلىكى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن.**

ختاي ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرملاش، چەكلەش، ۋەيران قىلىش بىلەن بىرگە، ساختا ياكى بۇرملانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ختايغا باغلاشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، 25 -ئىيۇن ئۇرۇمچىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى كۆرگەزمە سارىيىدا ئاتالمىش «ختاي-چەت ئەل مەدەنىيەت كۆرگەزمە ھەپتىلىكى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن. كۆرگەزمىگە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمۇ قاتناشقان.

ختاي تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 8 -نۆۋەتلىك ختاي—ئاسىيا—ياۋروپا كۆرگەزمىسى 26 -ئىيۇن ئۇرۇمچىدە باشلانغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقىنىغا قارىماي، مەزكۇر كۆرگەزمىگە ئاسىيا، ياۋروپادىكى 50 دۆلەتتىن مىڭغا يېقىن شىركەت، ئورگانلار قاتناشقان.

**ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ داۋاملىشىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، 50 دۆلەتتىن مىڭغا يېقىن شىركەت، ئورگانلار كۆرگەزمىگە قاتناشقان.**

ختاي ـ8نۆۋەتلىك ختاي–ئاسىيا-ياۋروپا كۆرگەزمىسى داۋامىدا ئاتالمىش «ختاي-چەت ئەل مەدەنىيەت كۆرگەزمە ھەپتىلىكى» پائالىيتى تەشكىللىگەن بولۇپ، پائالىيەتنىڭ باش تېمىسى ئاتالمىش «سەنئەت ئارقىلىق يىپەك يولىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى نامايان قىلىش، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئالماشتۇرۇشقا، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش» دېيىلگەن.

خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم»نىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ئۇرۇمچىدە 8 -نۆۋەتلىك ختاي-ئاسىيا-ياۋروپا كۆرگەزمىسگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن قازاقىستاننىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى جۇمانغارىن، قىرغىزىستان باش مىنىستىرى ئا. جاپاروف، ئۆزبېكىستان باش مىنىستىرى ئارىپوف، تاجىكىستاننىڭ 1 -مۇئاۋىن باش مىنىستىرى خولىكزودا ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. كۆرۈشۈشتە يېقىندا ئىمزالانغان ختاي-قىرغىزىستان-ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى تۈرى بويىچە ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىمنىڭ رەسمىي ئىمزالىنىش مەسىلىلىرى تىلغا ئېلىنغان. ئۇندىن باشقا 3 ـنۆۋەتلىك ختاي–قازاقىستان يەرلىك ھەمكارلىق مۇنبىرى 26 -ئىيۇن ئۇرۇمچىدىكى خەلقئارا يىغىن-كۆرگەزمە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مۇنبەردە كارخانىلارنى ئۇدۇللاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلغان.

ختاي بىر نەچچە يىل مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، تارىخنى بۇرمىلاش پىلانى بويىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلىگەن مۇزېيلارنى كېڭەيتىپ ياكى يېڭىدىن سالغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ختاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى»دەك بۇرمىلانغان تارىخنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان مىڭلىغان ساختا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمە قىلغان. ختاي بۇ قېتىملىق ختاي–ئاسىيا–ياۋروپا كۆرگەزمىسىدىنمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش، ئىشغالىيەت تارىخنى بۇرمىلاش تەشۋىقاتى ئۈچۈن پايدىلانغان.








# بۇ يىللىق ھەج مەۋسۇمىدا يەنىلا ئۇيغۇر ھاجىلارنىڭ بولماسلىقى دىققەت قوزغىدى

**شەرقىي تۈركىستاندىن بىرمۇ ئۇيغۇر ھەج ئىبادىتى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان.**

بۇ يىل ھەج مەۋسۇمىدا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قاتارىدا ھەجگە بارالمىغانلىقى دىققەت تارتقان بولۇپ، بۇ ھالەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قاراتقان تېررور سىياسىتىنىڭ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، «ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئىنسانىي ھوقۇقلىرى كاپالەت قىلىنغان ھالدا بەھۇزۇر ياشىماقتا» دېگەن تەشۋىقاتلىرىنىڭ يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ يىل ھەج مەۋسۇمىدا ئىلگىرىكى يىللارغا ئوخشاش تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇر ھاجىلاردىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاندىن بىرمۇ ئۇيغۇر ھەج ئىبادىتى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان.

بىز بۇ ھەقتە تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىن مەككىگە بارغان ئۇيغۇر ھاجىلارنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇيغۇر ھاجىلار ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى ئاستىدا زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلدى.

**خىتاي ئىلگىرىكى تۇڭگان ھاجىلارغا ئەتلەس كۆينەك، دوپپا كىيدۈرۈپ كۆز بوياشقا ئۇرۇنغانىدى.**

ئۇلارنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بۇ يىللىق سەئۇدىغا كەلگەن خىتاي ھەج ئۆمىكى ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇرلار كۆرۈنمىگەن. خىتاي بايرىقى بېسىلغان كىيىملەرنى كىيگەن خىتاي ھەج ئۆمىكى نازارەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە كونترول قىلىشى ئاستىدا ھەج قىلغان. تۇڭگان ھاجىلارغا يېقىنلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، خىتاينىڭ بۇ يىللىق ھەج مەۋسۇمىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج ئىبادىتىگە رۇخسەت قىلمىغانلىقى، خىتاي ھەج ئۆمىكى ئىچىدە پەقەت خىتاينىڭ يۈننەن ۋە گەنسۇدىن كەلگەن تۇڭگان ھاجىلار بار ئىكەنلىكىدەك مەلۇماتقا ئېرىشكەن.

خىتاي ئىلگىرىكى يىللاردا تۇڭگان ئايال ھاجىلىرىغا ئەتلەس كۆينەك، ئەر ھاجىلىرىغا دوپپا كىيدۈرۈپ ھەج قىلدۇرۇش ئارقىلىق، خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنغانىدى. خىتاي بۇ قېتىملىق ھەج مەۋسۇمىدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرى ئارقىلىق بوياشقا ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى بۇ قېتىممۇ خىتاي ھەج ئۆمىكىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان.

ھالبۇكى، يېقىنقى نەچچە يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تېررور سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتايدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىغىمۇ تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى تەدرىجىي يولغا قويۇشقا باشلىغان.

خىتاي ئىسلام دۇنياسىدىن ھەرخىل ناملار بىلەن ئۆمەك تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالدىن تەييارلانغان چەكلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنىڭ پۈتۈنلەي قوغدالغانلىقى، دىنىي ئەركىنلىكنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە جار سالماقتا. ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە.

ئىشغالىيەتچى خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخىنى، ئېتىقادىنى، مەدەنىيىتىنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان يەر-جاي ناملىرىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرمەكتە.



ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى
جمعية تركستان الشرقية للصحافة والإعلام
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقىقەتكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


www.istiqlalhaber.com I www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV   info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15   +90 553 895 19 33   +90 541 797 77 00